# شى جىنپىڭ «2019 سۈگدۇ خەلقئارا مۇنبىرى»گە قاتناشقان چەت ئەل تەرەپ ئەزىز مېھمانلىرى بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر بەي جيې)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خەلق سارىيىدا «2019 سۈگدۇ خەلقئارا مۇنبىرى»گە قاتناشقان چەت ئەل تەرەپ ئەزىز مېھمانلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ جۇڭگونىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇش يولى ۋە ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدىكى قارىشىنى تونۇشتۇردى. شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، بۇ خىل تارىخىي خاراكتېرلىك يىل ھامان كىشىلەرگە چوڭقۇر قاتلاملىق تەپەككۇر ئېلىپ كېلىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، ئۇلۇغ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى. پۇختا بولغاندىلا، ئاندىن ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى جۇڭگونىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، مۇقىم بولۇشىدىكى ئەڭ توپ سەۋەب بولۇپ، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. بىز قەتئىي تەۋرەنمەي داۋاملىق ئۆزىمىز تاللىغان يولنى بويلاپ ماڭىمىز. جۇڭگو داۋاملىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئۆز قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرىدۇ. مېنىڭ جۇڭگونىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىم تولۇق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شۇ يەرنىڭ سۈيى، تۇپرىقى شۇ يەردىكىلەرنى باقىدۇ. جۇڭگو ئەزەلدىن ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان تەرەققىيات يولىنى تاللاش ھوقۇقى بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. دۇنيادا ھېچقانداق بىر دۆلەت ۋە مىللەت دورامچىلىق قىلىش، باشقىلار ماڭغان يولدا مېڭىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان ئەمەس، شۇنداقلا بارلىق دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەرەققىيات، گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلىيەلەيدىغان ئۆزگەرمەس يولمۇ يوق. جۇڭگو ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇكى، دۆلەت قۇدرەت تاپسا چوقۇم زومىگەر بولۇشى ناتايىن، بۇنى ئالدى بىلەن جۇڭگونىڭ 5000 يىللىق تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بەلگىلىگەن، جۇڭگولۇقلاردا كېڭەيمىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق گېنى يوق، چىڭ تۇرىدىغىنى دۇنيانىڭ بۈيۈك بىرلىكى، دۇنيا خەلققە مەنسۇپ ئىدىيەسى، بىرى يېڭىش، يەنە بىرى يېڭىلىشتەك نۆل نەتىجىلىك كۈچ سىنىشىش تەپەككۇرىنى قۇۋۋەتلىمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو خەلقئارا مۇناسىۋەتتە، باراۋەر بولۇش، ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈشتە چىڭ تۇرىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى خالايدۇ. جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر، ئىستىرېئولۇق ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىپ، شۇ ئاساستا ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇپ، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، جۇڭگو بىلەن دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن نوپۇسقا ئىگە چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگونىڭ ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىشى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە قوشقان ئەڭ چوڭ تۆھپە، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز يەنە مۇناسىپ خەلقئارا بۇرچ ۋە مەجبۇرىيەتنى زىممىمىزگە ئېلىشنى خالايمىز. ھازىر دۇنياۋى ئىدارە قىلىش مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىپ، خەلقئارا تەرتىپ ئاچقۇچلۇق تۆت كوچا ئېغىزىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ماھىيىتى كۆپ تەرەپچىللىك ۋە بىر تەرەپچىللىك ئارىسىدىن قايسى يولنى تاللاش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان خەلقئارا تەرتىپ مۇكەممەل ئەمەس، ئەمما ئۇنى ئاغدۇرۇۋېتىپ قايتىدىن باشلاشنىڭ ھاجىتى يوق، ھەم باشقىچە يول تۇتۇشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق، بەلكى پۈتۈن زېھنى بىلەن قوغداش ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى دۆلەتلەر جەزمەن ئۆزلىرىنىڭ بۇرچ، مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئىجابىي سۆھبەتنى قانات يايدۇرۇپ، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

لاتۋىيەنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى فرېيې بېرگا، تانزانىيەنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى مىكاپا، ياپونىيەنىڭ سابىق باش ۋەزىرى جيۇشەن يۇۋجېفۇ، بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا ھەيئەت رىياسەتچىنىڭ سابىق ئەزاسى ئىۋانىچ، ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى چوڭ بوشنىڭ 3 - ئوغلى نېيىل بوش، سلوۋېنىيەنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى تۈرك قاتارلىق چەت ئەل تەرەپ ئەزىز مېھمانلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۆز قىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتتا قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قايىل بولغانلىقىنى، جۇڭگونىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قوشقان مۇھىم تۆھپىسىنى ئالقىشلايدىغانلىقىنى، جۇڭگو خەلقى ھازىر مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى، جۇڭگونىڭ مۇھىم تەسىر كۈچكە ئىگە چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، داۋاملىق راۋاجلىنىپ، گۈللىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى نەپكە ئېرىشتۈردى. ئەمما ھازىر بەزى دۆلەتلەر ئۆز دۆلىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، يەككە تەرەپچىللىكنى يولغا قويۇپ، توقۇنۇش، سۈركىلىشنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دۇنيا كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇشقا موھتاج، دۇنياۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ ئادىل، ھەققانىي، كۆپ مەنبەلىك خەلقئارا تەرتىپ بەرپا قىلىش كېرەك. رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش قاتارلىق مۇھىم تەشەببۇسلار، دۇنيا تىنچلىقى، گۈللىنىشنى قوغداش، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىششىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم، زور ئىجادىي ئەھمىيەتكە ئىگە، جۇڭگو تەرەپنىڭ داۋاملىق كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق يەر شارىۋى خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشتا مۇھىم يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ھەرقايسى تەرەپلەر جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇپ، ئۆزئارا ھۆرمەتلەيدىغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ چەت ئەل تەرەپ ئەزىز مېھمانلىرى بىلەن كوللېكتىپ سۈرەتكە چۈشتى.

ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ سالۋادور زۇڭتۇڭى بۇكېل بىلەن سۆھبەتلەشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر بەي جيې)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خەلق سارىيىدا سالۋادور زۇڭتۇڭى بۇكېل بىلەن سۆھبەتلەشتى.

شى جىنپىڭ بۇكېلنىڭ تۇنجى قېتىم جۇڭگودا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولغانلىقىنى قارشى ئالدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن سالۋادورنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئىككى دۆلەتنىڭ ئالاقە تارىخىدىكى چوڭ ئىش بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىق چوڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ، تارىخىي تەرەققىيات ئېقىمىغا ماسلاشتى، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان بىر يىلدىن بۇيان، ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى ساھەدىكى ئالماشتۇرۇشى كۈندىن - كۈنگە قويۇقلاشتى، ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى سىجىل كېڭەيدى، ئۆزئارا چۈشىنىش ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ جۇڭگو - سالۋادور مۇناسىۋىتىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك توغرا قارارنى چىقىرىشى، سىياسىيونلارنىڭ ئىستراتېگىيەلىك نەزەرى ۋە تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلدى. سىز، جۇڭگو - سالۋادور مۇناسىۋىتىنىڭ «ئىستىقباللىق، كەلگۈسىنىڭ پارلاق» ئىكەنلىكىنى بىلدۈردىڭىز، مەن بۇنى قۇۋۋەتلەيمەن. جۇڭگو تەرەپ سالۋادور تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، ئۆزئارا ئېچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق ئاساسىدا ئۆزئارا ئىشەنچنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئالاقىنى كېڭەيتىپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىككى تەرەپ ئۇل ئەسلىھە، يېزا ئىگىلىكى، سۈپەت تەكشۈرۈش، ئېنېرگىيە، سۈچىلىق، پەن - تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، خەلق تۇرمۇشىدا يارقىن نۇقتا بەرپا قىلىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ سالۋادور تەرەپنى قولدىن كېلىشىچە ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ. سالۋادور تەرەپنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆزئارا تولۇقلاش ئۈستۈنلۈكىنى ھەمكارلىق نەتىجىسىگە ئايلاندۇرۇشنى قارشى ئالىدۇ. جۇڭگو سالۋادوردىن شېكەر، قەھۋە قاتارلىق تېخىمۇ كۆپ سۈپەتلىك خاس مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشنى پائال كېڭەيتىشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ ھۆكۈمەت، قانۇن چىقىرىش ئورگىنى، پارتىيە، يەرلىك، سودا - سانائەت، ياشلار، ئاقىللار ئامبىرى، تاراتقۇ قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە ئالاقىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. جۇڭگوغا كېلىپ زىيارەت قىلىپ باققان نۇرغۇن سالۋادورلۇق دوستلار جۇڭگوغا كېلىشتىن بۇرۇن، جۇڭگونىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن بىر سىر ئىكەنلىكىنى؛ جۇڭگوغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگو مەستانىسىگە ئايلانغانلىقىنى بىلدۈردى. بىز سالۋادورنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدىكى تېخىمۇ كۆپ دوستلارنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ ئايلىنىپ كۆرۈپ بېقىشىنى، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو - سالۋادور مۇناسىۋىتى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ جەمئىيەت ۋە ئەلرايى ئاساسى سېلىپ، جۇڭگو - سالۋادور مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇزاققىچە ساغلام، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشىنى قارشى ئالىمىز.

بۇكېل مۇنۇلارنى بىلدۈردى: سالۋادور خەلقى مېنىڭ بۇ قېتىم جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇشۇمغا يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلدى ھەم ئۈمىدكە تولدى. جۇڭگو بىر ئۇلۇغ دۆلەت، خەلقئارا سەھنىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە، مەن جۇڭگونىڭ شانلىق تارىخىي مەدەنىيىتى ۋە ئۇلۇغ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئىنتايىن قايىل. سالۋادور بىلەن جۇڭگونىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋاقتى ئۇزاق بولمىسىمۇ، لېكىن يوشۇرۇن كۈچ ئىنتايىن زور، ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىنىڭ ياخشى ھەمراھى، ياخشى دوستى بولۇشىغا پۈتۈنلەي ئىقتىدارى بار. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، جۇڭگودىن ئىبارەت بۇنداق ئۇلۇغ دۆلەت ۋە سەممىي دوست بىلەن مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سالۋادورنىڭ دۆلەت تەرەققىياتىغا پۇرسەت ئېلىپ كېلىدۇ، سالۋادور خەلقىگە ئەمەلىي بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ. مەن رەئىس شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، جۇڭگو بىلەن ئۇزاق مۇددەت دوستلۇق مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۆچەپ، سالۋادور - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى باشقا مۇھىم ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى بىلەن توقۇنۇشتۇرماي تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، لاتىن ئامېرىكىسى رايونىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە بىر ئۈلگە تىكلەپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن. سالۋادور تەرەپ بىر جۇڭگو پرىنسىپىغا پۈتۈنلەي ئەمەل قىلىدۇ، جۇڭگونىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قوللايدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ سالۋادورنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، سالۋادور تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن مەبلەغ سېلىش، سودا، ئۇل ئەسلىھە، يېزا ئىگىلىكى، ساياھەت، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. زىيارىتىمنىڭ سالۋادور - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا ئايلىنىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى ئاچىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى كۆپ تۈردىكى ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنىڭ ئىمزالىنىشىغا ئورتاق گۇۋاھ بولدى.

ئىككى دۆلەت بىرلىكتە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن سالۋادور جۇمھۇرىيىتى قوشما باياناتى»نى ئېلان قىلدى.

سۆھبەتتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ خەلق سارىيىنىڭ شىمالىي زالىدا بۇكېلنى قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. پېڭ لىيۈەن، ياڭ جيېچى، جاڭ چۈنشيەن، ۋاڭ يى، ما بياۋ، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

# دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلەرنى تەيىنلىدى - قالدۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق تۆۋەندىكى باش ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى - قالدۇردى:

بىرىنچى، لىيۇ جىنسۇڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئافغانىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

ۋاڭ يۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئافغانىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئىككىنچى، ۋاڭ تۇڭچىڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

جۇ جىڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئۈچىنچى، لياڭ يۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۆپ مىللەتلىك بولىۋىيە دۆلىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

خۇاڭ ياجۇڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۆپ مىللەتلىك بولىۋىيە دۆلىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

تۆتىنچى، جيا گۈيدېنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پېرۇ جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

لياڭ يۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پېرۇ جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ھەرىكىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشنى قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

بىرىنچىدىن، تەربىيە مەزمۇنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش ۋەزىپە قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ۋە جۇڭگو ئارزۇسى تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تارىخى، دۆلەت تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى ۋە شىنجاڭ تارىخى تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىق - تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، قانۇنچىللىق تەربىيەسى ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ۋەتەننى سۆيۈش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ياش - ئۆسمۈرلەرنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، مەكتەپلەردىكى ئىدېيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ياخشى ئۆتۈش كېرەك؛ زىيالىيلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنى مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ، ئاكتىپ ھالدا ۋەتەننى سۆيۈش كۆرەش قىلىش روھىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە يېتەكلەش كېرەك؛ جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقى ۋە جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى تولۇق قوزغاپ، دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمنى ھىمايە قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئەمەلىيەت ۋاستىسىنى بېيىتىش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى روشەن باش تېما قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشنىڭ يۈكسەك بىرلىكىدىن ئىبارەت بۇ ماھىيەتلىك تەلەپنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، دىققەتنى ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ كۈچەش نۇقتىسىغا پۇختا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇھىم، زور تەربىيە نەتىجىلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مۇراسىم قائىدە - يوسۇندىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، قويۇق كەيپىيات يارىتىش كېرەك. ئاممىۋى تاراتقۇلار ۋە ئىلغار تېپلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تىيانشان ئېتىكىدىكى جەنۇبىي - شىمالدا پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش دەۋر ئاساسىي مېلودىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياڭرىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى شىنجاڭنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەۋر ساداسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. تۈزۈم ۋە قانۇنچىللىق كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇنچىللىق تەشۋىق - تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت ئېڭى، قانۇن ئېڭى ۋە پۇقرالىق ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر سىياسىي مەسئۇلىيەت ۋە رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىشى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار ماسلىشىپ بىرلەشمە ھەرىكەت قىلىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھەرقايسى تارماقلار تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان، پۈتۈن جەمئىيەت ئورتاق قاتنىشىدىغان خىزمەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسى ۋە مەنىۋى ئۇلىنى پۇختىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايون (مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتى.